شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي
6
دۈشەنبە
维吾尔文 7 月6日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25114 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو - گانا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

شى جىنپىڭ گانا زۇڭتۇڭى ئاكۇفو - ئاددو بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گانا زۇڭتۇڭى ئاكۇفو - ئاددو بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - گانا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 60 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەندى، ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو - گانا ھەمكارلىقىدا ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەت نامايان بولۇپ، ئىككى تەرەپ خەلقىگە ئەمەلىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

ئىسلاھاتقا تايىنىپ ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئاشۇرۇش، ھاياتىي كۈچ قوشۇش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئالاقىدار خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 14 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، «ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە - مېخانىزمنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «ئاپتونوم رايوننىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ يېزا ئىگىلىكنى قوللاش، قوغداش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى›نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئائىت يولغا قويۇش لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى قىممەتلىك داۋالاش ئۇپرىما ماتېرىياللارنى تىزگىنلەش ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ تۈزۈلمە - مېخانىزمنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاشلىق زاپىسى بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال يانداش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر›نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئائىت يولغا قويۇش لايىھەسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەرەققىيات يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى

44 خىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا يەنىمۇ مەركەزلەشتى

ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلىشىش شەكلىنى يېشىش ①

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: «ئائىلىمىز 20 مو كۆزگى بۇغداي تېرىدۇق، ئىلگىرىكى يىللاردا ئادەم كۈچىگە تايىنىپ ئورۇشقا سەككىز كۈن كېتەتتى، ھازىر كومبايىن بىلەن بىر كۈندىلا ئورۇپ بولغىلى بولىدۇ، ۋاقىت، كۈچ تېجەپ قالغىلى بولدى!» دېدى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ بايئاۋات يېزىسى يېڭىبازار كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى تۇراخۇن ئايۇپ. بۇ ناھىيەدە بۇ يىل كۆزگى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى 190 مىڭ مودىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20 مىڭ مو كۆپەيدى.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك كەسىپ سىستېمىسىنى كۈچەپ ئەلالاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا توپلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەڭ مۇۋاپىق جايدا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرغان.

«ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ رايونلارغا جايلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇقەررەر تاللاش، يېزا ئىگىلىكتىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىنىڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئالدىنقى يېرىم يىلدا شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ توك سېتىش مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %7تىن كۆپرەك ئاشتى

3 - كەسىپ ئېشىشقا تۈرتكە بولىدىغان «ئاساسىي موتور»غا ئايلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېينىڭ** دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدا، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ جەمئىي ساتقان توك مىقدارى 63 مىليارد 900 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %7.26 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە 3 - كەسىپتە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %43 ئېشىپ، توك سېتىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان «ئاساسىي موتور»غا ئايلانغان.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، شىنجاڭدىكى پۈتۈن ساھەدە ئىشلىتىلگەن توك 57 مىليارد 800 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىنىڭ %90نى ئىگىلەپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %5.5 ئاشقان؛ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلگەن توك 6 مىليارد 100 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىنىڭ %10نى ئىگىلەپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %27.8 ئاشقان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ

ئاساسلىق شەھەر رايونىدا 5G تورى بىلەن بىرتۇتاش قاپلاش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جاڭ شياۋلۇڭ، جاۋ گې) شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن شەھەرنىڭ شىمالىغىچە، ئايروپورتتىن يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز ۋوگزالىغىچە، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، مىڭلىغان 5G ئاساسىي پونكىتىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاساسلىق شەھەر رايونىدا 5G تورى بىلەن بىرتۇتاش قاپلاش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

مۇخبىرلارنىڭ 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر، ئۈرۈمچى شەھىرى 5G ئاساسىي پونكىتىدىن 2379نى قۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدە، بۇ يىل 5G ئاساسىي پونكىتىدىن 1861نى قۇرۇپ چىققان. نۆۋەتتە، 5G تۆمۈر يول ئىدارىسى سودا چەمبىرىكى، دوستلۇق سودا چەمبىرىكى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ناندىكى بەختلىك تەم

سۆز ھەممىگە

☐ جاڭ بېي

يېقىندا، تاراتقۇلار قورغاس نانچىلىق كەسىپلەر باغچىسىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بىر تۈركۈم نانلارنىڭ قورغاس پورتى ئارقىلىق دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىرىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شىنجاڭلىقلارنىڭ تاماق ئۈستىلىدە تولىمۇ ئاددىي ھېسابلىنىدىغان نان بۈگۈنكى كۈندە قورغاسنىڭ «يول ئىقتىسادى»دىن «پورت ئىقتىسادى» «كەسىپ ئىقتىسادى»غا ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولىدىغان خىزمەت تۈتقۇلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. نان ئاشقازىنىمىزنى ئىللىتىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى بىزگە كىيىمىمىز پۈتۈن، قورسىقىمىز توق بەختلىك تۇرمۇش ئېلىپ كەلدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ نانچىلىق كەسپى تەرەققىياتىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

新疆日报 | 天山网 www.ts.cn | 石榴云
新 疆 报 业 传 媒 集 团

«يېڭى» دەريا بويىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ چىقتى

يېڭى تۇرالغۇ، يېڭى كەسىپ، يېڭى تۇرمۇش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، جىڭ بو، زوۋ يى، ئەن شيۇ، يىن تۇڭيۈەن**

كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسى دەريا بويى كەنتىدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆتكەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن بىر كۆرۈنۈش (6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تارتىلغان).
☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسى ئاھالىلەر يېڭى نۇقتىسىدىكى سۆكسۆك، توشقانزەدىكى تەجرىبە ئېتىزىدا، كەنت ئاھالىسى ئالىمجان ئەلى قوشنىسى بىلەن بىللە باش ئەتىيازدا تېرىغان سۆكسۆكنى باشقۇرۇپ پەرۋىش قىلىۋاتقان بولۇپ، كېلەر يىلى مول ھوسۇل ئېلىشنى ئارزۇ قىلدى.

قاتار - قاتار كۆكۈچ كۈل رەڭ ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنالار گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىشىكتىن چىقسىلا تۈپتۈز ئاسفالت يول ئىدى، تازىلانغان تۇرۇبا سۈيى ھەربىر ئائىلىگە تۇتاشتۇرۇلغان، يېڭى مەكتەپ، يېزىلىق شىپاخانا، يولۇچى توشۇش بېكىتى، ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش مەركىزى قاتارلىق ئەسلىھەلەر يېپيېڭى، تولۇق ئىدى... «يېڭى» دەريا بويىنىڭ ھەممىلا يېرىدە گۈللەپ ياشنىغان مەنزىرە نامايان بولغانىدى.

يېڭى ئۆيلەر چىرايلىق تۇرمۇش شېرىن

خېمىر يۇغۇرۇش، گۆش توغراش، كۆكتات يۇيۇشتىن پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ بىللە چۈشلۈك تاماق لەغمەندىن بەھرىمەن بولغۇچە، چولپانخان مەتروزىنىڭ سەرپ قىلغان ۋاقتى بىر سائەتكىمۇ يەتمىدى، «توك، سۇ، گاز ئۇلانغان يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق، مەززىلىك تاماقلارنى ھەر ۋاقىت ئېتىپ يېيەلەيدىغان بولدۇق، ئىلگىرى يېرىم كۈن ئاۋارە بولاتتۇق» دېدى ئۇ.

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كۈن بولدى. شۇ كۈنى، چولپانخاننىڭ ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 114 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى ئاتا - بوۋىلىرى تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن قۇملۇقنىڭ 200 نەچچە كىلومېتىر ئىچكىرىسىدىكى كىندىك رايوندىكى كونا تۇرالغۇسىدىن ناھىيە بازىرىغا 91 كىلومېتىر كېلىدىغان، ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆتكەش ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا كۆچۈپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن «ئەڭ ئاخىرقى قۇملۇق قەبىلىسى» پۈتۈن گەۋدە بويىچە كۆچۈشنى تاماملاپ، تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

يەكەن «ناھىيە، يېزا، كەنت، ئائىلە» تۆت دەرىجىلىك كەسىپ تەرەققىيات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ

نامرات ئاممىغا ئىشقا ئورۇنلىشىش «تاۋۇقى»نى چىڭ، پۇختا تۇتقۇزدى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن، ئىختىيارىي مۇخبىر جاڭ جېنشەن**

«تاپقان پۇلۇم خەجلەشكە يېتىدۇ، يەنە ئازراق ئامانەت پۇلۇم بار.» يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسى بايدۆۋە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بۇزۆھرە مەمەت ئىشكى ئالدىدىكى زاۋۇتتىن يېڭى خىزمەت تاپتى، ئۇ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن رازى.

يەكەن ناھىيەسى «ناھىيەدە باشلامچى كارخانا بولۇش، يېزىلاردا بەلگىلىك كۆلەملىك كارخانا بولۇش، كەنتلەردە نامراتلارنى يۆلەش سېخى بولۇش، ئائىلىلەردە ھۈنەرخانا بولۇش»تەك كەسىپ تەرەققىيات سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، نامرات ئائىلىلەرنى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قوبۇل قىلدى. پۈتۈن ناھىيەدە ھازىر بار بولغان 53 توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كارخانىسى، ئون ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش كارخانىسى قاتارلىق كارخانىلار 16 مىڭ 800 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات ئائىلىدىن 8122 كىشى بار.

يەكەن ناھىيەسىدە كۆڭلىگە ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى پۈككەن ھەربىر ئاممىغا ھۆكۈمەت قۇرغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۇپىسى ئارقىلىق ئۆزىگە تەۋە گۈزەل ھاياتنى يارىتالايدۇ.

نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا بېيىش مارشى ياڭرىدى

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، بايدۆۋە كەنتىدىكى بىر كىيىم - كېچەك شىركىتىنىڭ سېخىدا، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ياز كۈنلىرىدىن خۇشال ھۇزۇرلىنىش

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار مەنزىرە رايونى پىيادىلەر كوچىسىدا، بىر كىچىك دوست مۇزىكىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا. ھەپتە ئاخىرى، شەھەر ئاھالىلىرى ئۆيلىرىدىن چىقىپ، سودا ساراي - تاللا بازارلىرىنى ئايلىنىپ، باغچىلارنى ئايلىنىپ، ياز كۈنلىرىدىكى ۋاقىتتىن ھۇزۇرلاندى. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى